السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# كىم ماڭا سالام قىلسا، ئاللاھ ماڭا روھىمنى قايتۇرىدۇ، مەن ئۇنىڭغا سالام قايتۇرىمەن

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بايان قىلغان ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «كىم ماڭا سالام قىلسا، ئاللاھ ماڭا روھىمنى قايتۇرىدۇ، مەن ئۇنىڭغا سالام قايتۇرىمەن»

[ھەدىسنىڭ ئىسنادى ھەسەن] [ئەبۇ داۋۇد"سۈنەن ئەبۇ داۋۇد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان - ئىمام ئەھمەد"مۇسنەد"ناملىق ئەسىرىدە رىۋايەت قىلغان]

ھەر قانداق كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سالام قىلسا، ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭ سالىمىغا جاۋاپ بەرگۈچىلىك ھالەتتە روھىنى قايتۇرىدۇ. ئەگەر سىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا سالام قىلسىڭىز، ئاللاھ ئۇنىڭغا روھىنى قايتۇرىدۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سىزنىڭ سالىمىڭىزغا جاۋاپ قايتۇرىدۇ. ھەدىسنىڭ ئېنىق مەنىسى: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسى يېنىدا تۇرۇپ: "ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! سىلىگە ئاللاھنىڭ سالامى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن" دېگەن كىشىگە ئوخشاش، يېقىن جايدىكى كىشىلەر ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ، بەلكىم يىراق-يېقىندىكى ھەر قانداق كىشىلەرگە بولىشىمۇ مۇمكىن، ئاللاھ ھەممە نەرسىگە قادىر

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/6222

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
E-Da'wah Committee